# شەرقىي تۈركىستان داۋاسىدا مۇرەسسە -- بالفوئۇر خىتابنامىسى

نۇرمەمەت (نۇرى) مۇساباي




خىتتايلارنىڭ ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلىشى 1949-يىلىدىن باشلاندى.

شەرقىي تۈركىستان داۋاسى خىتتايلار ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلغان مۇشۇ كۈندىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلىۋاتىدۇ دەپ قاراش كېرەك.

1949-يىلىدىن بۇرۇن شەرقىي تۈركىستان خىتتاينىڭ مۇستەملىكىسى بولمىغان. شەرقىي تۈركىستان موڭغۇل ۋە مانجۇلارنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان دەۋرلەردە خىتتايلارمۇ ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش بۇ ئىككى ئىمپەرىيەنىڭ مۇستەملىكىسى ئىدى. مۇستەملىكە ئاستىدا قالغان ئىككى خەلىق ئىدۇق.

خىتتايلارمۇ، بىزمۇ ئۆز ئەركىنلىكىمىزنى ئېلىش ،ۋەتەنلىرىمىزنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن بۇ ئىككى ئېمپېرىيە دەۋرىدە نۇرغۇن ئۇرۇشلارنى، كۈرەشلەرنى قىلغان. نەتىجىدە خىتتايلار ئامەرىكىنىڭ ياردىمى بىلەن 1911- يىلى مۇستەملىكىدىن قۇتۇلغان بولسا، بىز 1933-يىلى ئۆز كۈچىمىز بىلەن مۇستەملىكىدىن قۇتۇلغان ئىدۇق.

ئەمما، 1940-يىللىرى ئامېرىكىنىڭ ياردىمى بىلەن ئەمدىلەتىن مۇستەملىكىدىن قۇتۇلغان خىتتايلار بىزنى مۇستەملىكە قىلىشقا ئۇرۇندى. بىز تاجاۋۇزچى خىتتايغا قارشى كۈرەش قىلىپ ، مۇستەقىل جۇمھۇرىيىتىمىزنى ئەلان قىلغان ئىدۇق. ئەلبەتتە سوۋەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن.

ئەپسۇس، 2-دۇنيا ئۇرۇشى غالىپلىرىنىڭ ئولجا بولۇششى، كوممۇنىزىم لاگىرى بىلەن كاپىتالىزىم لاگىرىنىڭ باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ قۇربانى بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ساتقۇنلۇق قىلىشى بىلەن، بىز خىتتايغا سوۋغات سۈپىتىدە بەرىۋەتىلدۇق.

نەتىجىدە ئۇرۇش قىلىپ ئۆز كۈچى بىلەن كىرەلمىگەن خىتتايلار، ئامېرىكا، ئەنقلىيە، فرانسىيە قاتارلىق غەرب كۈچلىرىنىڭ يول قويىشى، يالتا، تەھران شەرتنامىلىرى بويىچە كوزلىرىنى كور قىلىۋەلىشى ، سوۋەت ئىتتىپاقىنىڭ ئايرۇپىلان، ماشىنا بىلەن خىتتاي ئەسكەرلىرىنى خەشى كارىدورىدىن ئوتكۇزۇپ، ۋەتىنىمىز تۇپراقلىرىغا ئەكىلىپ قويىشى ۋە تەنچلىق بەتىمى دەپ بىزنىڭ پۈت قولىمىزنى باغلاپ بەرىشى بىلەن، بۇ ئاچ قالغان مەدىنىيەتسىز خەلىقدىن تەشكىللەگەن، موما خەي خىتتاي ئەسكەرلىرى ۋەتىنىمىزگە بەسىپ كىردى. بۇ كۈن 1949-يىلى كۈز ئايلىرى ئىدى.

https://youtu.be/gQy4w1Jjjbk

موڭغۇللار قۇرغان مىڭ سۇلالىسىنى، مانجۇلار قۇرغان چىڭ سۇلالىسىنى خىتتايلار خىتتاي سۇلالىرىنىڭ بىر پارچىسى دەپ ئەلان قىلىش ئارقىلىپ، بۇ ئىككى سۇلالە بەسىۋالغان يەرلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇق مىراسخورلىرى خىتتايلاردۇر دىگەننى سەپسەتەنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ كەلدى. بۇ ئارقىلىق 1949-يىلى ۋەتىنىمىزنى بەسىۋالغانلىقىنى قانۇنلۇق قىلىپ كورسىتىش ئۈچۈن ئوزلىرىنىڭ شەرمەندە مۇستەملىكە تارىخىنىمۇ شەرەپلىك تارىخ قىلىپ كورسۈتۈپ كەلدى. شۇنداقلا بۇگۈن ئىشغال قىلىپ تۇرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، جەنۇبىي موڭغۇلىيەلەرنى خەلقارادا قانۇنلۇق بىر ئىشغالىيەت، يوللۇق بىر تاجاۋۇزلۇق دەپ قوغداپ كەلدى. ئۇيغۇر، تىبەت، موڭغۇللارغا قارىتا ئەلىپ بەرىۋاتقان زۇلۇملىرىنى خىتتاينىڭ ئىچكى تەرىتورىيەسىدىكى، خىتتاي قانۇنى ئىچىدىكى ئىشلار دەپ تەشۋىق قىلىپ، جىنايەتلەرنى ھەقلىق قىلىپ كورسىتىش تەشۋىقانى قىلىپ كەلدى.

گەرچە ، 1885-يىلى ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلغان قوماندان زوئۇ زوڭ تاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كوپ قىسمى خىتتاي بولسىمۇ، زوئۇ زوڭ تاڭ مانجۇلار ھوكۇمدار بولغان چىڭ سۇلالىسىنىڭ بىر گەنەراللي، مانجۇلارنىڭ بىر خىزمەتچىسى ئىدى.

مىڭ ۋە چىڭ سۇلالىرى دەۋرىدە ، ۋەتىنىمىزدە مەيلى قانچىلىق ياخشى-يامان ئىشلار بولغان بولسا، بۇ گۇناھ ۋە جىنايەتلەرنىڭ بارلىق جاۋابكارى موڭغۇل ۋە مانجۇلاردۇر. خىتتاي ئەمەستۇر.

ئەمما، 1949-يىلدىن  بۇيان ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا ئەلىپ بەرىلغان  پۈتۈن جىنايەتلەرنىڭ، بۇ يەردىكى يەرلىك خەلىقلەرگە سەلىنغان   پۈتۈن زۇلۇم، قىرغىنچىلىقلارنىڭ جاۋابكارى خىتتاي ھوكۇمتى ۋە ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلىشقا ياردەمدە بولىۋاتقان، خىتتاينىڭ سىياسەتلىرىنى قوللاپ كەلىۋاتقان ۋەتىنىمىزدىكى خىتتايلاردۇر.

شۇڭا خىتتايلارغا قارشى ئەلىپ بەرىلىۋاتقان داۋايىمىز 1949-يىلدىن باشلىنىدۇ.

شەرقىي تۈركىستان داۋاسى  خىتتايلار ۋەتىنىمىزگە بەسىپ كىرگەن 1949-يىلدىن كەيىن، ۋەتەندىن قەچىپ چىققان ۋەتەنپەرۋەر كىشىلىرىمىز تەرىپىدىن  تۈركىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە خەلق-ئارا ۋەزىيەتنىڭ ۋە  ئوزلىرى ياشىغان دوۋلەتلەرنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىگە ئۇيغۇن بىر شەكىلدە  بىردە كۈچلىك، بىردە ئاجىز ھالدا ئەلىپ بەرىلدى.

1980- يىللىرىنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ، خىتتاينىڭ ئىشكىنى ئەچىۋەتىش سىياسىي ئىسلاھاتى  بىلەن يەڭى بىر تۈركۈم ۋەتەنپەرۋەرلەر چەتەلگە چىقىشقا باشلىدى. داۋا سەپىگە يەڭى بىر ئەۋلادلار ، يەڭى قان قوشۇلىشقا باشلىدى.

 1991-يىلى سوۋەتلەر ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، كوممۇنىزىم لاگىرى مەغلۇب بولغاندىن كەيىن، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق داۋاسى-- ئۇيغۇر داۋاسى جانلىنىشقا باشلىدى.

1992-يىلى 12-ئاينىڭ 12-كۈندىن 15- كۈنگىچە ئىستانبۇلدا ئەچىلگان شەرقىي تۈركىستان /ئۇيغۇرىستان مىللىي قۇرۇلتىينىڭ ئەچىلىشى  داۋانىڭ  قايتىدىن جانلىنىش نۇقتىسى بولدى.

1994-يىلدىن باشلاپ  داۋا ياۋرۇپاغا كوچتى . شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ئۇيغۇرلۇق داۋاسى  تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

21-ئەسىردىن باشلاپ، شەرقىي تۈركىستان داۋاسى  ئىنسان ھەقلىرى، دەموكراتىيە داۋاسى تۈسى بىلەن ئامەرىكا قىتتەسىدە جانلىنىشقا باشلىدى.

دىمەك، 1949-يىلدىن ھەسابلىغاندا 70 يىللىق ، 1992-يىلدىن ھەسابلىغاندا ئىككى يىل كام 30 يىللىق  ئەركىنلىك ئۈچۈن  كۈرەش قىلغان بىر داۋا تارىخى بار.

لەكىن، ئوزىمىزنى ماختاپ، ئوز-ئوزىمىزنى ۋە خەلىقنى ئالدىغاننىڭ ھىچ پايدىسى يوق.

 بۇ 70 يىللىق ياكى كەيىنكى 30 يىللىق داۋادا ھىچ نەتىجە بولمىدى. ئەكسىنچە  ۋەتەننىڭ ئەھۋالى تەخىمۇ ئەغىرلاشتى، خەلىق  لاگىرلارغا سولىنىپ، كوللىكتىپ قىرغىن قىلىنىش ھالىغا كەلدى. بۇ  مىللىي قىرغىنچىلىق دەۋرىدە  مىللەت سۇپىتىدە يوقىلىپ كەتىشتەك خەۋىپلىك بىر  دەۋىردە  تۇرىۋاتىمىز.

بەلكىم داۋانى توغرا يولى بىلەن قىلالمىغاندۇق، بەلكىم نۇرغۇن سەۋەنلىكلىرىمىز  باردۇر. بەلكىم  دۇنيا ۋەزىيىتى بىزگە ئۇيغۇن كەلمىگەندۇ،  بەلكىم چەتەللىكلەرنى داۋايىمىزغا

قىزىقتۇرالمىغان بولسىمىز، چەتلەللىكلەرنى بىزنىڭ داۋايىمىزغا ئارىلىشىشقا ، بىزگە ئىگە چىقىشقا ، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا كوڭۇل بولىشكە قايىل قىلالمىغان بولىشىمىز مۇمكىن. ۋە باشقا سەۋەبلەرمۇ باردۇر ئەلبەتتە. مەيلى قانداق بولسۇن چەتەلدە ئەلىپ بارغان بۇ 30 يىللىق داۋايىمىزنىڭ ۋەتەن ئىچىگە ھېچ تەسىرى بولمىدى.

ئامەرىكىنىڭ سوت مەھكىمىلىرىدە مۇنداق بىر ئادەت ياكى قائىدە بار ئىكەن. ئەگەر سوتچى بىر دەلونى ئەلىپ، ئاقلىغۇچى، قارلىغۇچىنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ، بۇ دەلونى ئامەرىكا قانۇنلىرىنىڭ ھېچ بىر ماددىسىغا چۈشۈرەلمىسە، تارىختا مۇشۇنداق بىر دەلو بولغانمۇ، بار بولغان بولسا قانداق ھەل قىلىنغان دىگەن مەقسەتتە ئارخىپ ئاختۇرىدىكەن. ۋە تارىختىكى پىشقەدەم سوتچىلارنىڭ ھەل قىلىش ئۇسلۇبى بىلەن بۇ ئامەرىكا قانۇن ماددىلىرىغا چۈشمەيدىغان دەلولارنى ھەل قىلىدىكەن.

مۇشۇ ئۇسلۇب بويىچە تارىختا بىزدەك دەرتمەن خەلق، مىللەتلەر بولغانمىدۇ ؟ دىگەن سوئال بىلەن تارىخقا قارىساق، بىزدەك دەردمەنلەر بولغان ئىكەن.

مەسىلەن يەھۇدىلار، كۇردلار.

ئىسرائىلىيە دوۋلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدا بالفوئۇر خىتابنامىسى / Balfour “ ”Declaration موھىم رول ئوينىغان ئىكەن.

ئىراق ۋە سۇرىيەدىكى كۇردلارنىڭ ئوز تۇپراقلىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەلىشىدا، كۇردلارنىڭ دادىللىق بىلەن ئامەرىكا، غەربىي ئەللىرى ۋە سابىق سوۋەتلەر ئىتتىپاقى بىلەن مۇرەسسە قىلىشى، ماسلىشىشى، دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ ئوزگۇرىشىدىن ئوبدان پايدىلىنىشى قاتارلىقلار موھىم رول ئوينىغان ئىكەن.

بالفوئۇر خىتابنامىسى بىرىتانىيە ھوكۇمىتى 1-دۇنيا ئۇرۇشى ھارپىسىدا ئىسرائىلىيە دوۋلىتىنىڭ قۇرۇلىشىنى قوللايدىغانلىقىنى، مۇنداقچە ئەيتقاندا ئىسرالىيە دوۋلىتى قۇرۇشنى ئىپادىلەپ 1917- يىلى ئېلان قىلىغان بىر خىتابنامە ئىكەن.

ئىسرالىيە دوۋلىتى قۇرۇشنىڭ ئۇلىنى سالغۇچى ، دۇنيا زىئونىستلار قۇرۇلتىيىنى تەشكىللىگۇچى ۋە بىرىنچى پرەزەدەنتى بولغان يەھۇدىلارنىڭ لىدرى تھەئودور ھەرزل يەھۇدى ھەلقىنىڭ بىر دوۋلىتى، تۇرپرىقى بولىشى ئۇچۇن كوپ تىرىشقان. ئىسرائىلىيە دوۋلىتى قۇرۇش ئۇچۇن ئوز دەۋرىدىكى دوۋلەتلەر بىلەن دىپلوماتىك يوللار بىلەن مۇرەسسە، سودىلىشىش ئەئىلىپ بارغان. ئۇ ئوسمانلى سۇلتانى سۇلتان 2- ئابدۇلخامىد بىلەن ئىككى قەتىم كورۇشۇپ، ئوسمانلى دوۋلىتىنىڭ تاشقى قەرزىنى تولىۋەتىش بەدىلىگە ، پالەستىن تۇپرىقىدا بىر ئىسرائىلىيە دوۋلىتى قۇرۇش ئۇچۇن مۇرەسسەلەشكەن/ سودىلاشقان . لەكىن سۇلتان 2-ئابدۇلخامىدنىڭ رەد قىلىشى بىلەن ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشماي، ئۇ ئولۇپ كەتىدۇ. لەكىن يەھۇدىلارنىڭ بىر ئىسرائىلىيە دوۋلىتى قۇرۇش ئارزۇسى ئولمەيدۇ.

1917-يىلى فەۋرالدا بىرىتانىيەدىكى يەھۇدى بايلىرىدىن لورد روتھسچىلد باشچىلىقىدىكى

بىر تۈركۈم يەھۇدى بايلىرى بىرىتانىيە ھوكۇمىتى بىلەن مۇرەسسەلەر ئەلىپ بارىدۇ. ھەم بىرىتانىيە پارلامەنتىغا بىر يەھۇدىنى پارلامەنت ئەزاسى سايلاپ كىرگۈزىدۇ. بۇ يەھۇدى پارلامەنت ئەزاسى **Herbert Samuel** ئىسرالىيە دوۋلىتىنىڭ قۇرۇلىشىنى قوللاش ھەققىدە بىرىتانىيە پارلامەنتىغا بىر تەكلىپ سۇنىدۇ.

دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە بۇ يەھۇدى بايلىرى، زىيالىيلىرىنىڭ خەلى بىر مەزگىللىك مۇرەسسەلىششى ئارقىلىق، بىرىتانىيە ھوكۇمىتىنى قايىل قىلىدۇ. ئاخىرى بىرىتانىيە ھوكۇمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئارتھۇر جامەس بالفوئۇر 1917-يىلى 2-نويابىر ئىسرالىيە دوۋلىتىنىڭ قۇرۇلىشىنى قوللايدىغانلىقى ھەققىدە بىر يازما يەزىپ، بىرىتانىيە يەھۇدىلىرىنىڭ لىدىرى لورد روتھىسچىلدقا يوللايدۇ. 9-نويابىر ئوچۇق شەكىلدە ئەلان قىلىنىدۇ. بۇ تارىختا بالفوئۇر خىتابنامىسى بولۇپ ئاتىلىپ قالىدۇ.

بالفوئۇر خىتابنامىسى ئەلان قىلىنغاندىن كەيىن، بىرىتانىيەنىڭ ئوتتۇرا شەرق ستراگەيەسى ئوزگۈرۈپ، بىر ئىسرائىلىيە دوۋلىتى قۇرۇشقا قاراپ ماڭىدۇ. نەتىجىدە 1948-يىلى ئىسرائىلىيە دوۋلىتى يوقدىن بار بولۇپ قۇرۇلىدۇ.

كۇردلارغا كەلسەك.

1990-يىلى باشلىغان 1-قەتىملىق پارىس قولتىقى ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى، ئىراقنىڭ شىمالىدىكى كۇرتلار ئۇزۇن مەزگىل ساددام ھۇسەيىن ھوكۇمىتىنىڭ زۇلمى، كەمسىتىشلىرىگە ئۇچراپ، بىر چىقىش يولى ئىزدەپ، ئاخىرى ئامەرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرق ستراتەگىيەسىنىڭ بىر پارچىسىغا كىرىدۇ. ئىراق كۇردلىرى بىلەن ئامەرىكا ھوكمىتى بىر كەلىشىمگە كەلىدۇ. نەتىجىدە 1-قەتىملىق پارىس قولتىقى ئۇرىشىدا ساددام مەغلۇب بولاغاندا، ئىراق كۇردلىرى ئىراقنىڭ شىمالىنى بولۇپ، ئامەرىكىنىڭ ھەمايىسىدە ئوز ئالدىغا ھاكىم ھالدا ياشاش ھالىغا كەلىدۇ.

سۇرىيە كۇردلىرى 2011-يىلى باشلانغان ئەرەب باھارى توپىلىڭىدىن توقاچ ئوغرىلاپ، ئامېرىكا بىلەن مۇرەسسەلىشىپ ، سۇرىيەنىڭ شەرقىي قىسمىنى ئايرىپ، كۇرد تۇپرىقى دەپ ئەلان قىلىپ، ئامەرىكىنىڭ ھەمايىسىدە ئوز ئالدىغا ھاكىم ياشاشنى باشلايدۇ.

يەھۇدى ۋە كۇردلار تارىختا ئۆزلىرىنىڭ داۋاسى ئۇچۇن ئىنسان ھەقلىرى، دەموكراتىيە، ئاپتونومىيە دىگەن نامالاردا نۇرغۇن پائالىيەتلەر ئەلىپ بارغان، نۇرغۇن قانلىق ئۇرۇشلارنى قىلغان ئىدى. ئەمما ئاجىز كەلىپ قەلىپ، ئوز كۇچىگە تايىنىپ، مۇستەقىل بولالمىغان ئىدى. لەكىن خەلىق- ئارا ۋەزىيەت، دۇنيا سىياسىتىنىڭ ئوزگۇرىشى، دۇنيادىكى كۇچلىكلەرنىڭ ئوز-ئارا رىقابەتلىششى، دۇشمەنلىشىشلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، بىر كۇچلۈك دوۋلەت بىلەن مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق غەلىبە قىلدى.

بزنىڭ ئەھۋالىمز بۇ ئىككى خەلىققە ئوخشامدۇ ؟

ئەلۋەتتە ئوخشايدۇ، ئەمما دۇشمىنىمز ئوخشمايدۇ.

بزنىڭ دۇشمىنىمز ئىنسانچىلىق دىگەننى بىلمەيدۇ. ئەتىقادى يوق، خەلق- ئارا قانۇنلارنى تونۇمايدۇ، قانۇنلارغا ھورمەت ۋە رىئايە قىلمايدىغان دۇنيادىكى سۇپەر كۇچلەرنىڭ بىرى. بۇ نىجىسلارنىڭ نوپۇسى ھەددىدىن زىيادە كوپ .

خىتتاي ئەسلىدە كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. ئەپسۇس غەرىب خىتتاينى كاپىتالىغا قىزىقتۇرۇپ باي قىلىش ئارقىلىق، خىتتاينىڭ سەستىمىسىنى ئوزگەرتىمز دەپ 40 يىلدىن بۇيان خىتتاينى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللاپ، نۇرغۇن دەسمىي سالدى. خىتتاي كۇچلەنگەندىن كېيىن ، يېتىشتۈرگەن ئاكىلىرى غەرىپ ۋە ئامەرىكىنى تونىماس بولدى.

نەتىجىدە ئامەرىكىنىڭ نەكسون دەۋرىدىكى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى كەسىڭىرنىڭ خاتا مەسلىھەتى بىلەن باشلىغان 40 يىللىق خىتتاي ستراتەگىيەسى مەغلۇب بولدى.

ترۇمپ ھوكۇمىتىنىڭ سابىق باش مەسلىھەتچىسى باننون ستەۋە خىتتاينىڭ بۇگۇنكى ھالىغا كەلىپ، دۇنياغا تەھدىت پەيدا قىلىشىدا كىسسىڭگىرنىڭ جاۋابكارلىقى بار دەپ تەنقىدلەۋاتىدۇ.

بۇ نوۋەت ۋۇخەندىن تارقالغان خىتتاي ۋىرۇسى بىلەن دۇنيادا ، بولۇپمۇ ئامەرىكا باشلىق غەرىپ ئەللىرىدە خىتتاينى ئوزىگە تەھدىت دەپ قاراش ئومۇملىشىشقا قاراپ كەتىپ بارىدۇ.

ئاللاھقا مىڭ قەدرە شۇكرى، ئاخىرى 40 يىلدىن كەيىن بولسىمۇ دۇنيا خىتتاينىڭ رەزىللىكىنى بىلدى. خىتتاينىڭ دۇنياغا تەھدىت ئىكەنلىكىنى، دۇنياغا، ئىنسانىيەتكە بىر ئاپەت ئىكەنلىكىنى بىلدى.

ھازىرقى ۋەتەنىنىڭ ھالى بەك ناچار، ۋەتەندىكى خەلقىمزنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن خەتەرلىك، ئەمما دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى ئوزگۇرۇش ئاس-ئاستا بىز ئۇچۇن ئوڭ تەرەپكە كەتىپ بارغاندەك قىلىدۇ.

ئىنشائاللاھ، نوۋەت بىزنىڭ مۇرەسسە قىلىدىغان، بىزنىڭ سودىلىشىدىغان، بىزنىڭ قەد كوتىرىدىغان دەۋرىمز كەلدى.

ئەمدى قۇرۇق شوئار ئەمەس، بەلكى پلان بىلەن، ھەساب بىلەن ئىش قىلىدىغانىنىڭ ۋاقتى

كەلدى.

قۇرۇق شوئارنى 30 يىلدىن بەرى كوپ توۋلىدۇق، كوپ يىغلىدۇق، ئەمما دۈشمىنىمىزنى بىر قېتىممۇ يىغلىتىپ باقمىدۇق.

1980-يىللىرىنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ باشلانغان ۋەتەندىكى نامايىش-ئىسيانلار، ئۇرۇمچى كوچىلىرىدىكى نامايىشلىرىمىز، كەيىن ئوتتۇرا ئاسىيا، تۇركىيە، ياۋرۇپا، ياپونىيە، ئائۇستىرئالىيە ۋە ئامەرىكا قىتەسىدە شوئار توۋلاپ نامايىش قىلىپ يۇرگىنىمىزگە 40 يىل بولۇپتۇ. ھېچ ئۇمۇمنى كورمىدۇق. چۈنكى بۇ نامايىشلىرىمىزنىڭ نىشانى ئەنىق بولمىدى، پىلانلىق بولمىدى. ھاياجان بىلەن، بىر قەتىملىق ۋەقەنى ئاساس قىلىپ، غەزەپ بىلەن ئەلىپ بەرىلدى. ياكى يىللىق كالىندار بويىچە، ئوخشاش كۈندە، ئوخشاش يەردە ئاغزىمىزنى يوغان ئەچىپ شوئارلارنى توۋلىدۇق. كوزلىرىمىزدىن يامغۇردەك ياش ئاققۇزۇپ يىغلىدۇق. لەكىن ھېچكىم بىزنىڭ شوئارىمىزغا قۇلاق سالمىدى، يىغىمىزغا قاراپمۇ قويمىدى.

چۈنكى دۇنيا قۇرۇق شوئارغا قۇلاق سالمايدىكەن، دۇنيادىكى زۇلۇم، زوراۋانلىق كوز يەشى بىلەن تۈگىمەيدىلىكەن.

دۇنيا كۈچلىكلەرنىڭ ئىكەن، يىغلاڭغۇنىڭ ئەمەس ، يىغلىتالىغانلارنىڭ دۇنياسى ئىكەن، ئىستىراتىگىيە ئوينىيالىغانلارنىڭ دۇنياسى ئىكەن.

دۇنيا تەرتىبى ئوز ئارا مەنپەئەت ئېلىش ۋە بېرىش ئاساسىدا قۇرۇلغان ئىكەن.

مەنپەئەت بەرەلىسەڭ، مەنپەئەت ئالالايدىكەنسەن.

كەچكىچە يىغلىغاننى باشقىلار ھورمەت قىلىپمۇ كەتمەيدىكەن. شۇڭا ئەمدى ئۇ يەر، بۇ يەردە يىغلاپ، دەرت توكۇدىغان " داۋا "نىڭ مەنچە ئەھمىيىتى قالمىدى.

5 مىلليون خەلق يوقاپ كەتتى، يىغلىغۇدەك يىغىمىزمۇ قالمىدى. لېكىن دۇنيا يەنىلا خىتتاي دوۋلىتىنىڭ گەپىنى قىلىپ يۇرىۋاتىدۇ. چۈنكى بۇگۇڭچە مەنپەئەت ئۇلاردىن كەلدى.

خىتتاي ۋىرۇسىنىڭ تارقىلىشى بۇگۇڭچە داۋام قىلىپ كەلگەن غەرىبلىكلەرنىڭ خىتتاي بىلەن ئورتاق ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئىگە، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ستراتەگىيەلىك شېرىك دۆلەت دەپ قاراش ئەنەنىۋى ستراگەيەسىنى ئوزگەرتىدىغاندەك قىلىدۇ. دەۋر ئالمىشىدىغاندەك قىلىدۇ.

ئەمدى بىزنىڭ بىرلىشىپ، دۈشمىنىمىزنى يىغلىتىدىغان، ئۇلارنى خەلقى- ئالەمدە رەسۋا قىلىدىغان ۋاقتى كەلگەندەك قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىدىغان، يول ئىزدەيدىغان ۋاقت كەلگەندەك قىلىدۇ.

ئەمدى ۋىدىئوغا چۈشۈش ئۈچۈن شوئار توۋلاپ يۈرىيدىغان، ئۇنىڭ بىلەن كورۇشۇپ رەسىمگە چۈشۈپ، سوتسىيال ئالاقە توپلىرىدا غازاڭدەك ئىقىپ يۈرمەيلى. خەلقىمىزنىڭ ئاغزىغا قۇرۇق ئىمزىگىنى سەلىۋەرمەيلى. ئەمىلىي بىر ئىشنىڭ پەيدا بولايلى. خەلقىمىزنى بىر قەتىم بولسىمۇ خوش قىلايلى، كۈلدۈرەيلى، شاتلاندۇرايلى.

بىزمۇ خەلق ئارا ۋەزىيەتنىڭ ئوزگۈرىشى، دۇنيا تەڭپۇڭلىقىدىكى ئوزگۈرۈشلەرگە دىققەت قىلىپ، يۈرەكلىك هالدا چوڭ دوۋلەتلەر بىلەن مۇرەسسە قىلىشقا ئوتەيلى. قورقماي مۇرەسسە قىلالايدىغان بولايلى، تەلەپلىرىمىزنى، ئارزۇلىرىمىزنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويالايدىغان بولايلى. شاخمات تاختىسىغا يۈرەكلىك چۈشىدىغان بولايلى.

مۇستەقىللىق داۋاسى ئۈچ خىل شەكىلدە تەڭ ئىلىپ بېرىلغىنى ياخشى.

سىياسىي داۋا، 2) قانۇنىي داۋا، 3) قوراللىق كۈچ

هازىرغىچە تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ ئىلىپ بېرىۋاتقان پۈتۈن پائالىيەتلىرى سىياسىي داۋادۇر.

مۇرەسسە قىلىش سىياسىي داۋانىڭ پەللىگە يەقىنلاشقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

قانۇنى داۋا سىياسىي داۋايىمىزنىڭ قوللىغۇچىسى.

قانۇنىي داۋا ۋەتىنىمىزگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق تارىخىي هوججەتلەر، ئەهدىنامىلەر، ئاڭلاشمىلار، خەلق ئارا قانۇنلار ئارقىلىپ، داۋايىمىزنىڭ هەقلىق بىر داۋا ئىكەنلىكىگە كاپالەتلىق قىلىدۇ.

قوراللىق كۈچ-- سىياسىي داۋايىمىزنىڭ ئۇستەل ئۇستىدە غەلبە قىلىشىدىكى ئارقا تىرەك، ئاساسىي كۈچدۇر. ئەپسۇس !، بۇ كۈچ بىزدە يوق.

1946-يىلدىكى 11 ماددىلىق بەتىمنىڭ هاسىل بولىشى، خىتتاي بىلەن سوهبەت ئۇستىلگە ئولتۇرىشىمىز ماناسدا ساقلاپ تۇرغان مىللىي ئارمىيەنىڭ كۈچىدىن بولغان.

مەيلى كۈچلىك، مەيلى ئاجىز، مەيلى كىچىك بولسىمۇ بىر ئەمەلىي كۈچىمىز بولمىسا، دوستلار بىلەن مۇرەسسەگە ئولتۇرغاندا ئەتىبارىمىز بولمايدۇ، ئىستەكلىرىمىزنى تولۇق ئوتتۇرىغا قويالمايمىز. دۈشمەن بىلەن ئەسلا ئۇستەلدە ئولتۇرالمايمىز

ئىراق ۋە سۇرىيەدىكى كۇردلارنىڭ بۇ ئۈچ خىل شەكىلدىكى پائالىيتى ۋە كۈچ بار ئىدى. كۇردلار ئوزىدە بار بولغان كۈچىنىڭ سايىسىدا، رايوندا بولغان ئوزگىرىشنى پۇرسەت بىلىپ، قىسقىغىنا ۋاقىتتا ئوزلىرىنىڭ هاكىمىيتىنى تىكلىۋالدى.

يەهۇدىلارنىڭمۇ ئەينى ۋاقىتتا شۇنداق پائالىيتى ۋە ئاكتىپ كۈچى بار بولغان.

ئەمدى كەچكىچە دەرت ئەيتىپ، يىغلىغۇچى ئەمەس، يىغلاتقۇچى بولىدىغان، يىغلىتالايدىغان بولىدىغان، مەسلىنى سالا بىلەن، مۇرەسسە بىلەن، كەلىشىم بىلەن ھەل قىلىدىغان دەۋر كەلدى. مۇرەسسە قىلىشنىڭ يولىنى ئىزدەيدىغان ۋاقىت كەلدى.

ئەگەر يەنە كەچىكسەك بەلكىم داۋا قىلغۇدەك بىر داۋامۇ قالمايدۇ.

بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قەيىن، چۇنكى پۇلىمىز يوق، ھەممىمىزنى ئەتراپىغا توپلىيالىغىدەك بىر تەشكىلاتىمىز يوق، بىرلىك – ئىتتىپاقلىقتا تۇرغان تۇزۇك بىر ئۇيغۇر جامائەتىمىزمۇ يوق.

بىزنىڭ بۇگۈنكى ۋەزىيىتىمىز خۇددى يەھۇدىلارنىڭ Rothschild Lord ,Herzl Theodor, كۇردلارنىڭ Talibani ,Barzani لاردەك شەخسلەر ، ئائىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەركەتكە ئوتىدىغان بىر دەۋرى.

ھەر قانداق مىللەت نوپۇزلىق، بىلىملىك كىشىلىرىنى ھورمەتلىگىنىدەك، ئۇيغۇرلارمۇ ئۇيغۇر مىللىتىدىن چىققان نوپۇزلۇق كىشىلىرىنى ھورمەتلەيدۇ.

ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭمۇ يۇقارقىدەك كىشىلىرى ھەركەتكە ئوتسە، كوپ سانلىق خەلقىمىز ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا يىغىلىدۇ. خەلقنى ئارقىغا ئالغان كىشىلەر شۇ مىللەتنىڭ ھەقىقى ۋەكىلى سۈپىتىدە مۇرەسسەچى بولالايدۇ، ھەقىقي لوبىبچى بولالايدۇ.

دۇنيادا ھىچ بىر جەمىيەت، دوۋلەت ھازىرچە بىزنىڭ مۇستەقىللىقىمىزنى ئوچۇق قولللمايدۇ. ئەمما ئوزلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىگە تاقىشىپ قالسا، بىزنى يوشۇرۇن، كەيىنچە ئوچۇق قوللايدۇ. خۇددى ئامەرىكا ئافغانىستاندا مۇجاھىدلارنى پەيدا قىلغاندەك؛ ئىراق ۋە سۇرىيەدە كۇردلارنى قوغدىغاندەك؛ بۇگۈنكى تۇركىيە سۇرىيەدىن قاچقان سۇننى ئارابلارنى قولللىغاندەك، ئوزلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلسە، بىزنىمۇ بىرلىرى قوللايدۇ. بىزنى قوللىشىدا بىزدە ئۈچ خىل ئەۋزەللىك بار.

**1.بايلىقلىرىمىز**. ۋەتىنىمىزدە نىفت گازدىن باشقا بۇگۈنكى ئىلغار پەن-تەخنىكىلىق ئۇسكىنىلەرگە لازىم بولىدىغان دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان ھەر تۇرلىك ماددىلار بار.

بىز ۋەتىنىمىزدىكى بۇ بايلىقلارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، بايلىقلىرىمىزغا قىزىقىدىغانلارنى بايلىق ۋەدە قىلىپ، مەنپەئەت يەتكۇزۇشنى ۋەدە قىلىپ مۇرەسسە قىلىمىز. قىلغان ياردىمىنى قايتۇرالايمىز.

**2.ۋەتىنىمىزنىڭ ستراتىگەيىلىك ئورنىنىڭ موھىملىقى**. ئەگەر ئىستراتەگىيەلىك ئورنىمىزنىڭ موھىملىقىغا قىزىقىدىغانلارغا ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئورنىدىن پايدىلىنىش ۋەدىلىرىنى بەرىپ مۇرەسسە قىلىمىز. كۇچلىكلەرنىڭ رىقابىتىدە دۇنياغا ھوكۇمدار بولۇش ئۇچۇن،

ستراتەگىيەلىك ئورۇنلار موھىمدۇر.

**3.ئۇيغۇرلارنىڭ دوستلىرىغا نىسبەتەن سەمىمىيلىكى، سادىقلىقى.** خىتتاينىڭ كۈچلىنىشىنى ئىستىمەيدىغانلار ، خىتتايىنى ئۆزلىرىگە دۈشمەن دەپ قارايدىغان ، خىتتايىنى پارچىلاشنى ئىستەيدىغان دوۋلەتلەرگە ئۇيغۇرلارنى ئۇلارنىڭ ياخشى بىر ئىتتىپاقدىشى بولالايدىغانلىقىغا ۋەدە بەرىش ئارقىلىق مۇرەسسە قىلىمىز. بىز خىتتايغا قارشى ھەرقانداق بىر ھەركەتتە، ئالدىنقى سەپتىكى ياخشى كۈچ.

چۈنكى، بىزدە خىتتايدىن قۇتۇلۇشتىن باشقا ئارزۇيىمىز، پىلانىمىز يوق. خىتتايدىن باشقا دۈشمىنىمىز يوق.

يۇقۇردىكى ئۈچ خىل ئەۋزەللىكىمىزنى دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگۈرۈشىگە ماسلاشتۇرۇپ، جايىدا قوللىنىشنى بىلسەك، خۇددى يەھۇدىلار ئەڭلىيەنى قايىل قىلغاندەك، كۇردلار ئامەرىكىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلغاندەك بىزمۇ كامىدا بىر دوۋلەتنى ئۆزىمىزگە جەلىب قىلالايمىزل. سۇرىيە ۋە ئىراق كۇرتلىرى ئامەرىكا ئۈچۈن ياخشى بىر ئىتتىپاقداش بولغاندەك. بىزمۇ بىزنىڭ مەنپەئەتلىرىمىزنى، كەلەچىگىمىزنى ۋەدە قىلغان ھەر قانداق بىر دوۋلەتنىڭ ياخشى بىر ئىتتىپاقدىشى، دوستى بولالايمىز.

ئامەرىكا ۋە غەرىب بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت قىلىش بىلەن بىرگە، چوڭ ۋە كۈچلۈك خوشنىمىز بولغان روسسىيە بىلەن يەقىنلىشىش يوللىرىنى ئىزدىنىشىمىز كەرەك. بىلىپ- بىلمەي خاتا تەرەپلەردە تۇرۇپ قەلىپ، شەيتانلارنىڭ ئويىنىغا كەلىپ، روسسىيەنى ئۆزىمىزگە قارشى قىلىۋەلىشتىن ساقلىنىشىمىز كەرەك. تارىختىكى دۈشمەنلىك ئۆتۈپ كەتتى، تارىخ تارىخ بولۇپ قالدى. دۇنيادىكى دوستلۇق، دۈشمەنلىك ئۆتكۈنچى، مەڭگۈلۈك ئەمەستۇر. مەنپەئەت ۋە خەۋپلەرگە ئاساسەن دوست ۋە دۈشمەنلىك ئالمىشىپ تۇرىدۇ. ئەمدى يەڭى تارىخ يازىدىغان ۋاقىت كەلدى. بەلكىم روسلارنىڭ بىز بىلەن قايتا دوست بولىدىغان ۋاقتى كەلدۇر.

ھەممە ئىشلارنىڭ ئىجادكارى ئاللاھدۇر. شۇنداقتىمۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى ھالغا چۈشۈپ قەلىشىمىزغا سەۋەب بولغان روسسىيە بولغىنىدەك، كەلگۈسىدە مەسىلىمىزنىڭ ھەل بولىشىدا روسسىيە يەنىلا ئەڭ ئاكتىپ سەۋەب قىلغۇچىدۇر. چۈنكى بىزنىڭ دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقە يولىمىز يەنىلا روسسىيەنىڭ كونتروللىقىدا. روسسىيە بىزگە بىۋاستە تەسىر قىلالايدىغان چوڭ خوشنىمىزدۇر. دۇنيانىڭ 2-سۇپەر كۈچى.

روسسىيە تەۋەسىدىكى خىتتايلارنىڭ ۋىرۇس باھانىسىدا روسسىيەدىن قوغلىنىشى، روسسىيەنىڭمۇ خىتتايىنى كەلگۈسىدىكى تەھدىت دەپ بىلگەنلىكىنىڭ بىر ئىپادىسى بولىشى مۇمكىن. بەلكىم تارىختا روسسىيە بىزنى نەچچە قەتىم قوللاپ، نەچچە قەتىم ساتقىنىدەك، ئەمدى قوللايدىغا نوۋەت كەلگەندۇر.

بىرەر دوۋلەتنى ئۆزىمىزگە جەلىپ قىلىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشىش، ئىزدىنىش كەرەك.

مۇرەسسە قىلىشقا جۇرەتلىك بولىشىمىز كېرەك. ئۇمۇد بىلەن ماسلىشىپ ئىش قىلساق، ئىنشائاللاھ قىلغىلى بولىدۇ.

بەلكىم دۇنيادا خىتتايغا قارشى بىر ئىستىراتېگىيە تۈزۈلۈپ بولغان بولىشى مۇمكىن. خىتتايىنى پارچىلاش، خىتتايىنى ئاجىزلىتىشنىڭ خەرىتىلىرى سىزىلىپ بولغان بولىشى مۇمكىن. ئەمدى ئۇ ستراتەگىيەنى، خەرىتىنى ئىجرا قىلىشقا ئوتتۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئۇچۇن بىزنى ئىزدەپ كەلىدىغان ياكى بىز ئۇلارنى ئىزدەپ بارىدىغان ۋاقىت كەلدى. شۇڭا بىز مىللىي مەنپەئەتىمىزنى ئاساس قىلغان مۇرەسسەنى قىلالىشىمىز ئۇچۇن ھەممە جەھەتتىن تەييار بولىدىغان ۋاقىت كەلدى.

ۋەتەن، مىللەت ئۇچۇن ئەھمىيتى، نەتىجىسى بار ئەمەلىي بىر ئىش قىلىمىز دەيدىكەنمىز، سالماق قەدەم بىلەن، ياخشى ئويلىنىپ، ياخشى مەسلىھەتلىشىشىمىز كېرەك.

ئوتمۇشتىكى ئىختىپاپلارنى ئۇنتۇپ، سىياسىي پائالىيەتچىلەرگە يارىشا ئاڭ بىلەن، ئوز-ئارا ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئورنۇتىشىمىز كېرەك.

پاك نىيەت بىلەن، **ۋەتىنىم، خەلقىم دىگەننى** بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، بىسمىللا دەپ قەدەم بەسىلسا، توغرا سەۋەب قىلىنسا، نىيەت دۇرۇس بولسا، نەتىجىنى بەرگۈچى ئاللاھدۇر.

ئىنشائاللاھ! غەلىبە نۆۋىتى بىزگە كەلگەندۇر.

## **Balfour Declaration** تۇۋەندىكىسى

Foreign Office,

November 2nd, 1917.

Rothschild,

I have much pleasure in conveying to you, on
His Majesty's Government, the following
)n of sympathy with Jewish Zionist aspirations
been submitted to, and approved by, the Cabinet

is Majesty's Government view with favour the
ishment in Palestine of a national home for the
people, and will use their best endeavours to
tate the achievement of this object, it being
/ understood that nothing shall be done which
ejudice the civil and religious rights of
ig non-Jewish communities in Palestine, or the
and political status enjoyed by Jews in any
:ountry"

)uld be grateful if you would bring this
)n to the knowledge of the Zionist Federation.

Y. ...

Arthur James Balfour